چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

يېڭى ماكانغا كۆچۈپ كىرىش ياخشى كۈنلەرگە قۇچاق ئېچىش

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش
بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز

☐ **مۇخبىرىمىز جاڭ رۇيلىن**

1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەھەردە، ئۇلۇغچات ناھىيەسى تورغات پورتى بەخت ئولتۇراق رايونى ئەتراپىدىكى دۇكانلار كەينى - كەينىدىن ئېچىلىپ خېرىدارلارنى كۈتۈۋالدى. بۇرمىقان تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ خوجايىنى بۇرمىقان ئاسقار قىزىل پەلتۇنى كۆتۈرۈپ دۇكاندىن چىقىپ، دۇكان ئالدىغا قويۇلغان مودېلنىڭ كىيىمنى ئالماشتۇرۇشقا تەييارلاندى. چاغان يېتىپ كېلەي دەپ قالدى، خۇشال - خۇراملىقنى ئىپادىلەش كېرەكتە. بۇرمىقان تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس، بىراق سودىسى ناھايىتى ياخشى، يازدىكى ئەڭ ئالدىراش ۋاقىتلاردا، بىر كۈندە ئۈچ كۆڭلەك تىكىش ئادەتتىكى ئىش. سودىسى نىسبەتەن سۇسراق بولغان قىشتىمۇ، ئۇنىڭ قولىدا ھامان بىر نەچچە زاكاز تاماملىنىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

بەخت ئولتۇراق رايونى نامراتلارنى كۆچۈرۈپ يۆلەش ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى. نۆۋەتتە بۇ جايدا جەمئىي 136 ئائىلىلىك ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نامراتلارنى كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن 62 ئائىلە، ئولتۇراقلاشتۇرۇپ چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش بويىچە ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان 74 ئائىلە بار. بۇرمىقان ئائىلىسى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى.

پورتقا كۆچۈپ كېلىپ، پورتنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل، ساياھەت بايلىقى مول، كىشىلەر ئېقىمى، ئەشيا ئوبوروتى مىقدارى زور، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى بىر قەدەر كۆپ، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ياخشى بولۇش ئەۋزەللىكىدىنمۇ بەھرىمەن بولدى. بۇمۇ دەل ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ بايلىقى كەمچىل، مۇھىتى ناچار، ئاپەت كۆپ يۈز بېرىدىغان، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قىيىن بولغان تاغلىق رايونلاردا ئۇزاق ۋاقىت ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن نامرات ئاممىنى بۇ جايغا كۆچۈرۈپ كېلىشنى تاللىغانلىقىنىڭ سەۋەبى.

چارۋىچىلىق رايونىدىكى كېسەك ئۆيدىن بىنا ئۆيگە كۆچۈپ كىرىش بۇرمىقان ئائىلىسىدىكىلەرنى ناھايىتى خۇشال قىلدى، تېخىمۇ خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغىنى، ئۇلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت يۈرۈشلەشتۈرۈپ دۇكان سېلىپ بەردى. «بىر ئائىلىنىڭ بىر دۇكىنى بولۇش» سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، كۆچۈرۈلگەن چارۋىچىلار پورتقا كېلىپ - كېتىۋاتقان سەييارە سودىگەرلەرنى يېمەك - ئىچمەك، قونالغۇ، يەرلىك خاس مەھسۇلاتلار سودىسى قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«بىر دۇكان 50 مىڭ يۈەن، ئۈچ يىللىق، ئۆسۈمى كەچۈرۈم قىلىنغان قەرز پۇل ئالغانىدىم، ھازىرغىچە 24 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇپ بولدۇم، ئۆزۈمنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە راستىنلا پادىچى قامچىسىنى تاشلاپ، تىككۈچىلىك دۇكىنى ئېچىپ، 18 ياش ۋاقتىمدىكى ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرالىشىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم، ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىمەن. بۇ بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ھەممىسىنى بىزگە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بەرگەن» دېدى بۇرمىقان.

پورتقا كېلىپ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى كۆپىيىپ، نەزەر دائىرىسى ئېچىلدى، كۆپلىگەن ئاھالە يېڭى بېيىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى، كېرىمباي تىلەبالدى دوستلىرىنىڭ تەكلىپ بېرىشى بىلەن يەم - خەشەك زاۋۇتى قۇرۇشنى قارار قىلدى، چۈنكى يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردىكى چارۋىچىلار يەم - خەشەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئەڭ يېقىن بولغاندىمۇ نەچچە ئون كىلومېتىرلىق جايغا باراتتى. بىر يەم - خەشەك زاۋۇتىنى قۇرۇش ئارقىلىق، ھەم شۇ جايدىكى چارۋىچىلارغا قولايلىق ياراتقىلى، ھەم ئۆزىنى مۇقىم كىرىم مەنبەسىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئويى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. 2019 - يىلى قىش كىرگەندىن بۇيان، كېرىمباينىڭ يەم - خەشەك زاۋۇتىنىڭ كىرىمى 80 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

توپا مەھەللىسىنىڭ مۇدىرى ئەنۋەر ياسىننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بەخت ئولتۇراق رايونىدا بۇرمىقان، كېرىمبايغا ئوخشاش ئۆز ئالدىغا ئىشقا ئورۇنلاشقانلاردىن 24 ئائىلىلىك بار ئىكەن. پورتنىڭ ئامباردا ساقلاش - ئەشيا ئوبوروتى، مەھەللىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش مۇلازىمىتى، كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىشى قاتارلىق سۇپىلارغا تايىنىپ، مەھەللە يەنە 130دىن ئارتۇق مەزگىللىك ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىيەلەيدىكەن. ھازىر، بەخت ئولتۇراق رايونىدىكى 278 ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، كۆچۈرۈپ كېلىنگەن چارۋىچىلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە شارائىت بولۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يول بولۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا كاپالەت بولۇش، تەرەققىي قىلىشى ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ.

«كۆچۈپ چىقالايدىغان بولۇش، مۇقىم تۇرالايدىغان بولۇش، قىلىدىغان ئىشى بولۇش، بېيىيالايدىغان بولۇش». بەخت ئولتۇراق رايونىدا يول، كۆكەرتىش، يورۇتۇش، سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندى چىقىرىش ھەم تەبىئىي گاز، توك بىلەن تەمىنلەش، رادىيو - تېلېۋىزىيە، خەۋەرلىشىش تورى قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەرنىڭ ھەممىسى تەل، يەسلى، داۋالاش ئۆيى، كىتاب ئوقۇش ئۆيى، خەلققە مۇلازىمەت قىلىش مەركىزى قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىقتىدارى مۇكەممەل بولۇپ، ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنىڭ چىرايىدا رازىمەنلىك كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

نامراتلارنى يۆلەش سېخى، ئائىلىۋى ھۈنەرخانىدىمۇ چوڭ چىقىش يولى بار

نۇرلۇق كەنتىنىڭ كەلگۈسى «نۇرلۇق»

☐ **مۇخبىرىمىز سۈڭ ياۋېن**

قۇياش پېتىۋاتقان چاغ، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ كۇيا بازىرى نۇرلۇق كەنتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش سېخىدىن توكلۇق تىكىش ماشىنىسىنىڭ «تاق - تاق - تاق، تاق - تاق - تاق» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، سېخ سىرتىدىكى يەسلىدە بىر نەچچە بالا ئوينىغاچ، ئاپىلىرىنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىنى ساقلاۋاتاتتى.

رەختلەرنى رەتلەش، تىكىش ماشىنىسى تاختىسىغا قويۇش، يىپ كېسىش، تەپكۈ دەسسەش، موتور تىكىش غالتىكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ رەختلەرنى تىكمەكتە ئىدى... 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، كەنت ئاھالىسى پاتەم مەمەتناسىر تىكىش ماشىنىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ماھىرلىق بىلەن بىر پارچە رەختنى تىكىۋاتاتتى، ئون مىنۇت ئەتراپىدا بىر خالات كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى.

«مەن ھەر كۈنى بوش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ 60 - 50 خالات تىكەلەيمەن، ئايلىق كىرىمىم 1500 يۈەنگە يېقىن.» پاتەمنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى ئاساسلىقى ئېرىنىڭ ناھىيە بازىرىدا ئىشلەمچىلىك قىلىشىدىن كېلىدىكەن، ئۇ ئائىلىسىدىكى چوڭ - كىچىكلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا مەسئۇل ئىكەن. 2018 - يىلى ئائىلىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن كىيىم - كېچەك زاۋۇتىغا بېرىپ ئىشلەشكە تىزىملىتىپتۇ، «ھازىر ھەر كۈنى بالىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مەن سېخقا بېرىپ ئىشلەيمەن، ۋاقتىم بىر قەدەر ئەركىن، كۈندە كىرىمىم بار، يەنە ئائىلەمگە قارىيالايمەن، مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى».

«ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ھەل قىلىش ۋە قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك چارە، شۇڭا بىز ‹كەنتتە نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇش، ئائىلىلەردە ئائىلىۋى ھۈنەرخانا بولۇش›تەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئەندىزىسىنى يولغا قويدۇق». ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن كەلگەن، قاراقاش ناھىيەسى كۇيا بازىرى نۇرلۇق كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى جىن جىفېي مۇنداق تونۇشتۇردى: «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئۇلارغا ياردەملىشىپ نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا ئىشلەشنى ئالاقىلىشىپ بەردى ياكى ئۇلارنىڭ ھۈنەرخانا ئېچىشىغا يار - يۆلەك بولدى.

2019 - يىلى، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاھالە ئوغۇلنىسا جېلىل ئۈچۈن ئېيتقاندا ھوسۇللۇق بىر يىل بولدى، ئائىلىسىنىڭ كىرىمى ئېشىپلا قالماي، ئۇ يەنە «ئائىلە ئايالى»دىن بىردىنلا ھۈنەرخانا ئىگىسىگە ئايلاندى.

مۇخبىر ئۇنى كۆرگەندە، ئۇ ماسكا تاقاپ ھويلىسىدا بېزەشكە ئىشلىتىلىدىغان پىرىسلانغان تاختىنى پىششىقلاۋاتاتتى، ئۇ يەرگە رەتلىك قويۇلغان ئىچ پەۋاز چاسىۋىكى ۋە بېزەك چاسىۋىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بىردەمدىن كېيىن ئاپتوموبىل كېلىپ بۇلارنى ئېلىپ كېتىدۇ. بۈگۈن پىرىسلانغان تاختىدىن 100 نى پىششىقلىدىم، بىرى سەككىز يۈەن، 800 يۈەن كىرىم قىلالايمەن».

كۆز ئالدىمىزدىكى ئوغۇلنىسا ناھايىتى خۇشال ئىدى، كىممۇ ئۇنىڭ 2018 - يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلىسۇن. ئوغۇلنىسانىڭ ئېيتىشىچە، توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى قازان بېشىنى، بالىلارنى چۆرىدەپ ئۆتكەن بولۇپ، بىر ئائىلىدىكى بەش جان ئېرىنىڭ قاراقاش ناھىيەسىدە ئىشلەمچىلىك قىلىشىغا تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدىغان. ئېرى بېزەكچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاشقا بىر قەدەر پىششىق ئىدى، خىزمەت ئەترىتىنىڭ تەكلىپ بېرىشى بىلەن، ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۆيىدە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاش ھۈنەرخانىسى ئېچىشنى قارار قىلدى. 2019 - يىلى 2 - ئايدا كەنتنىڭ ياردىمىدە، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، يىغقان 30 مىڭ يۈەن پۇلنى چىقىرىپ ئىككى ماشىنا سېتىۋېلىپ، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاش ھۈنەرخانىسى ئاچتى.

ھازىر ئوغۇلنىسانىڭ ئېرى يەنىلا ناھىيە بازىرىدا ئىشلەۋاتقان بولغاچقا، ھۈنەرخانىنىڭ ئىشى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلدى. 2019 - يىلى ئىككىيلەننىڭ كىرىمى 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. «بۇ ھۈنەرخانىنى ئاچقاندىن كېيىن، مەن ئۆيدىلا پۇل تاپالايدىغان بولدۇم، بىر يىللىق كىرىمىمىز ئۆتكەن بەش يىلدىكىدىنمۇ كۆپ بولدى. مەن ياخشى ئىشلەپ، يەنە تېخىمۇ كۆپ كىشىنى ھۈنەرخانامدا ئىشلەشكە يېتەكلەيمەن، كۆپچىلىك بىرلىكتە تىرىشىپ ئىشلەپ، بالدۇرراق بېيىشنى قولغا كەلتۈرىمىز» دېدى ئوغۇلنىسا كۈلۈپ تۇرۇپ.

جىن جىفېي مۇنداق دېدى: ھازىر نۇرلۇق كەنتتە نامراتلارنى يۆلەش سېخىدىن ئونى بار، كىچىك ھۈنەرخانىدىن 38ى بار، بۇلار يېمەكلىك، كىيىم - كېچەك، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاش قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، ئۇلار پۈتۈن كەنتنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تارقالغان بولۇپ، نامرات ئائىلىلەردىكى 183 كىشىنىڭ ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

(بېشى 5 - بەتتە)

— يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۈچەپ ياخشى تۇتۇلدى. بىر تۈركۈمنى شەھەر - بازار، كارخانا، كەسپلەر باغچىسى ئارقىلىق يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر تۈركۈمنى شىنجاڭ ئىچىدە رايون ھالقىش ئارقىلىق يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر تۈركۈمنى ئىچكىرى رايونلاردىكى شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەردىكى كارخانىلار ئارقىلىق يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئالغا سىلجىتىلىپ، 2 مىليون 868 مىڭ ئادەم قېتىمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، پۈتۈن يىللىق نىشان نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. قاراقاش ناھىيەسىنىڭ قاراقاش بازىرى چۇرۇقالا كەنتىدىكى دېھقان رەيھانگۈل مەمەتنىياز مۇنداق دېدى: «ناھىيەدە ئۇيۇشتۇرۇلغان يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ماھارەتنى بويىچە تەربىيەلەشكە قاتنىشىپ، ناھىيەدىكى يەسلى بىلەن توختام ئىمزالىدىم، مەن بۇ خىزمەتنى بەك ياخشى كۆرىمەن».

— قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا قارىتا قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، داۋالىنىش، ئوقۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ۋە ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولۇش، ئىچىدىغان سۇ، توك ئىشلىتىش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ئۆيمۇ ئۆي، ئادەممۇ ئادەم ياردەم بېرىش ئارقىلىق ياخشى ھەل قىلىندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار 2 مىليون 930 نەچچە مىڭ قېتىم ئائىلىلەردە تۇرۇپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىق دەۋا تەلەپلىرىنى ھەل قىلىپ، 1 مىليون 480 مىڭدىن ئارتۇق ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلدى.

— مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى پۇختا، ياخشى ئىشلەندى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتتىكى نەمۇنىلىك رايون قۇرۇش ئالغا سىلجىتىلىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى 2 مىليون 750 مىڭ مەيدان قېتىمدىن ئارتۇق قانات يايدۇرۇلدى. قەشقەر شەھىرى 40 مەھەللىدە «ئائىلىلەرنىڭ ياخشى قوشنىسى بولۇش» مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەھەللە مۇلازىمەت تۈرىنى قانات يايدۇردى، بۇ شەھەرنىڭ دۆڭخۇ مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مېھرىنىسا مەمەترېھىم تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مەھەللە ئاشپەزلىك مۇسابىقىسى، قىزىقارلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردۇق».

— ساياھەت كەسپى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ساياھەتچىلىك مۇلازىمىتى سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى ساندا 200 مىليون ئادەم قېتىملىق تارىخىي بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 345 مىليارد 265 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 41.65%، 40.38% ئاشتى، «شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەن ساياھەت ماركىسى بارغانسېرى تارقىلىپ، كىشىلەر قەلبىدىن بارغانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. شىنجاڭ داشۆ جۇڭشەن داشۆ بىلەن شىنجاڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى ۋە ساياھەتچىلىكنى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق تەجرىبىخانىنى ئورتاق قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ قوشتى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ساياھەتنىڭ ئاۋات پەسلىدە ياتاقتا يېتىش قىيىن بولۇش، كاسات پەسلىدە ساياھەتچىلەر ئاز بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، تۈزىتىش لايىھەسى تۈزۈپ، پۈتۈن پەسىللىك ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

«باش تېما تەربىيەسى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى بىز بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى، ئالاقىمىزنى تېخىمۇ كۆپەيتتى، ئۇلار بىز كۆرەلەيدىغان، تۇتالايدىغان نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدى، كادىرلار تەربىيە ئالدى، پۇقرالار ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتى، بۇنداق تەربىيەنى كۆپرەك ئېلىپ بېرىش كېرەك...» ئاممىنىڭ ئاددىي سۆزلىرى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇيۇل تاشتەك چىڭىتىلغانلىقى، بۇرچنىڭ زىممىگە ئېلىنغانلىقى، خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىنغانلىقى، ئىنكاسىغا جاۋاب قايتۇرۇلغانلىقىنى دەلىللەپ بەردى.

قائىدە - تۈزۈم ئورنىتىش نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش

تۈزۈم دۆلەتنىڭ ئۇلى، جەمئىيەتنىڭ قائىدىسى، ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا مۇنداق كۆرسەتتى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن پارتىيەنىڭ ئىچكى تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈش كېرەك».

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «ھازىر تۈزىتىش» بىلەن «ئۇزاققىچە تۈرغۈزۈش»نى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تۈزىتىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، قائىدە - تۈزۈم ئورنىتىش خىزمىتىنى ئەمەلىي ئىشلەپ، باش تېما تەربىيەسىدىكى ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللاردىن تۈزۈم شەكلى ئارقىلىق ياخشى پايدىلىنىپ، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى.

سانجى ئوبلاستى باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشنى چۆرىدەپ، «مۇلازىمەت ئاممىنى چۆرىدەپ ئايلىنىدىغان» تۈزۈملەر - مېخانىزم ئۈستىدە ئىزدىنىپ، «كوچا باشقارمىسى تالون يوللاش، تارماقلار تالون قوبۇل قىلىش» «كەنت ئاھالىلىرى ئەھۋال ئىنكاس قىلىش كۈنى» قاتارلىق ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزملارنى يولغا قويۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى تۈزەش ئۈچۈن ئاقىلانە تەدبىر قوللاندى.

قۇمۇل شەھىرى «بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش، بىر يوچۇقنى ئېتىش، بىر تۈرلۈك تۈزۈمنى تاكامۇللاشتۇرۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلىدىكى ئالتە تۈرلۈك خىزمەت مېخانىزمى توغرىسىدا»، «قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتىكى بەش قەدەملىك يېپىق ھالقىلىق خىزمەت ئۇسۇلى» قاتارلىق تۈزۈملەرنى چىقىرىپ، تۈزىتىش نەتىجە - ئۈنۈمىنىڭ دەل ۋاقتىدا تۈزۈم نەتىجىسىگە ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، مەسىلىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى(ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىسلاھات ئىشخانىسى) ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى كۆزلەپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» «ئاساسىي قاتلامدا بىر جەدۋەل بولۇش»، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار يېزا - كەنتلەرنى ئىدارە قىلىشقا قاتنىشىش، كوچا - يېزا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك نۇقتىلىق ئىسلاھات تۈرىنى تۇتۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ھەر قايسى جايلارنىڭ خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىنى چىڭ تۇتۇشىغا ھېيدەكچىلىك قىلدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتى رەھبىرىي كادىرلارنى «مىقدارلاشتۇرۇپ باھالاش سىستېمىسى» ئورنىتىپ، كادىرلارنى ھەرىكەتچان باشقۇرۇشنى يولغا قويدى؛ تەمىناتنى ئۆستۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زورايتىش ئۈنۈم مۇكاپات مەبلىغى تەسىس قىلىپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ ئىش قىلىپ، نەتىجە يارىتىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلار تەجرىبە - ئۇسۇللارنى يەكۈنلەپ، تۈزۈمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈمنىڭ قېلىپلاشتۇرۇش ۋە يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»نىڭ دائىملىق ھالەتكە ئايلىنىشىغا، ئۇزاق ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا تۈرتكە بولدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «پۈتۈن پارتىيە بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇشى كېرەك.» ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار جەزمەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، سىجىل كۈچەپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مەڭگۈلۈك تېما ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يۇقىرى - تۆۋەن ھەممەيلەننىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشى كېرەك.

چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى لوۋ لەن:

«مەن شىنجاڭدىكى كۈندىن - كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدىم»

«چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى شىنجاڭ»

☐ **مۇخبىرىمىز جيا چۈنشيا**

«جۇڭگو شىنجاڭ مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم، چەت ئەلدىن كېلىپ ئوقۇغان بەش يىلدىن بۇيان، مەن شىنجاڭدىكى كۈندىن - كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدىم، شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ۋە جۇشقۇن راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن دۇنياغا ھەقىقىي شىنجاڭنى ئېيتىپ بېرىپ، كۆپچىلىككە شىنجاڭنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدۇرماقچى» دېدى قازاقىستاندىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى لوۋ لەن يېقىندا چوڭقۇر تەسىرات بىلەن.

بەش يىل ئىلگىرى، لوۋ لەن جۇڭگوغا بولغان گۈزەل تەلپۈنۈشى بىلەن شىنجاڭ سىفەن داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش شۆبىسىدە جۇڭگو تىلى ئۆگەندى.

نېمە ئۈچۈن «لوۋ لەن» دەپ ئىسىم قويدى؟ لوۋ لەننىڭ مۇخبىرغا دېيىشىچە، 2017 - يىلى 7 - ئايدا، ئۇ شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى سۈپىتىدە بېيجىڭغا بېرىپ، «خەنزۇ تىلى كۆۋرۈكى. 2017 - يىللىق يەر شارىۋى چەت ئەللىكلەر خەنزۇ تىلى يەغنى»غا قاتناشقان، ئۇ ئۆزىگە بىر خەنزۇچە ئىسىم قويۇشنى ئويلاپ، ئۆمەككە يېتەكچىلىك قىلغان ئوقۇتقۇچىسىنىڭ پىكرىنى ئالغاندا، ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا كىروران قەدىمكى بەگلىكىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگەن ھەم ئۇنىڭدىن «لوۋ لەن» دېگەن بۇ ئىسىم قانداق؟ دەپ سورىغان.

«‹لوۋ لەن› دېگەن بۇ ئىسىم يېقىملىق ئاڭلىنىپلا قالماي، يەنە تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، مەن ناھايىتى ياقتۇردۇم، شۇ چاغدىلا لوۋ لەن دەپ ئىسىم قويۇش قارارىغا كەلدىم» دېدى لوۋ لەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

لوۋ لەننىڭ ئېيتىشىچە، قازاقىستان «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىدىن نەپ ئالغۇچى ئىكەن. بۇ بىر نەچچە يىلدا، قازاقىستاننىڭ تاشيول، تۆمۈريول قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىدا ناھايىتى زور ياخشىلىنىش بولغان، ئۇ تولۇق كۇرسنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئالمائاتادىكى جۇڭگو مەبلىغى كارخانىسىدا ئۈچ ئاي جۇڭگو تىلى تەرجىمانى بولغان. شىنجاڭنى سېغىنغاچقا، يەنە شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىغا ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنغان.

لوۋ لەننىڭ ئېيتىشىچە، بەش يىلدىن بۇيان، ئۈرۈمچى بارغانسېرى گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ، بارغانسېرى زامانىۋىلىشىپتۇ، ئىچكىرى رايونلاردىكى شەھەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلىشىپتۇ. ۋاقتى بولسىلا ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، كاۋاپ ۋە توخۇ قوردىقى قاتارلىق شىنجاڭنىڭ مەززىلىك تائاملىرىنى يەيدىكەن ھەم ئۆزىنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى خاتىرىلەپ، يۇرتىدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى ھەمبەھىرلەندۈرىدىكەن.

شىنجاڭدا بەش يىل ئوقۇش، تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا، لوۋ لەن خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپلا قالماي، يەنە يەلپۈگۈچ ئۇسسۇلى، ياڭگر ئۇسسۇلى ئوينىيالايدىغان بولدى، يەنە قەغەز قىيمىچىلىقى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگەندى. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇ دائىم ئۈندىدار ئارقىلىق دوستلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدىغان، تاۋباۋ قاتارلىق تور بېكەتلىرىدىن مال سېتىۋالىدىغان، جېفۇباۋ قاتارلىق يان تېلېفون يۇمشاق دېتاللىرىدىن پايدىلىنىپ ئايروپىلان بېلىتى زاكاز قىلىدىغان بولۇپ، ئالاقە تورى ئېلىپ كەلگەن قولايلىقتىن تولۇق بەھرىمەن بولماقتا، لوۋ لەن چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ: «مېنىڭ تاۋباۋنى ھەقىقەتەنمۇ يۇرتۇمغا ئېلىپ كەتكۈم بار» دېدى.

لوۋ لەن ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن دۆلىتىگە قايتىپ جۇڭگو تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولماقچى: «مەن ئۆگەنگەنلىرىمدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو - قازاقىستان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۆۋرۈكىنى ياخشى سېلىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىگە جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تارقىتىمەن».

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى توغرىسىدىكى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 - يىللىق خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق خامچوتى توغرىسىدىكى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى ئالتە قارار لايىھەسىنى ئومۇمىي يىغىندا ئاۋازغا قويۇشقا سۇنۇش قارار قىلىندى.